# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش

## — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئامما «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب توغرىسىدا قىزغىن مۇلاھىزە قىلدى

شىنجاڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىگە مەنسۇپ... «شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلە» ناملىق ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئورتاق ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈرۈشتى: تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئاڭلىق ھالدا «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئورتاق قوغداپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى ئورتاق قۇرۇشىمىز كېرەك.

### ■ ئىتتىپاق - دوستانە ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش يېڭى يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تارىخ ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ رايونىدا كۆپ خىل تىل تەڭ قوللىنىلغان، ئالماشتۇرۇشى قويۇقلاشقانلىقى مەزگىل مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى گۈللەنگەن، جەمئىيەت ئالغا باسقان مەزگىل بولغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، كادىرلار ئاساسىي قاتلامدىكى يېزا - كەنتلەر، مەھەللىلەرگە بېرىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، نامراتلارغا ياردەم بېرىپ، قىيىنچىلىقى بارلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەر مىللەت ئامما بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقان بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئىتتىپاق - دوستانە ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى دولقۇنىنى كۆتۈردى.

«نەچچە يىلدىن بېرى، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ھەر مىللەت ئامما بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتۈش داۋامىدا ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىشەنچكە ئېرىشتى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ ستىلى يېزىسى قالجاق كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى گۇ خۇاشياڭ مۇنداق دېدى: «خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ‹كەنتتە تۇرۇش›تىن ‹ئائىلىلەردە تۇرۇش›، ‹قەلبكە ئورناش›قىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئىشقا ئاشۇردى».

«ئاق تاشلىق كىتاب ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخ، مىللەت، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات ئىزنالىرى ھەم قانۇنىيىتىنى ئېنىق تونۇشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئېڭى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشىمىز كېرەك.» بۈرچىن ناھىيەلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ قوستىق بازىرى قارا دۆڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ گاڭ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز كەنت ئاھالىلىرى بىلەن يەنە داۋاملىق ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئارغامچىدەك چىڭ ئۇيۇشۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوغداپ، گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرۇپ چىقىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئورگان پارتكومىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىلىك مۇئاۋىن شۇجىسى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ بىن مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئورگان كادىرلىرىنى يېتەكلەپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئېتىز - ئېرىق باشلىرىغا، دېھقان - چارۋىچىلار ئائىلىلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر مىللەت ئامما ياقتۇرىدىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ».

### ■ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ تەشەببۇسكارلىق جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تارىخ مەسىلىسى — مۇھىم، زور پىرىنسىپال مەسىلە. تارىخىي ماتېرىيالىزم، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى تەتبىقلاپ، دۆلەت، تارىخ، مىللەت، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلىگە ئىلمىي جاۋاب بېرىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، جۇڭگونىڭ بىرلىككە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىككە مۇناسىۋەتلىك، رايوننىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك.

«تارىخ بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى، بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتنىڭ ھايات يولىنى تېپىشىنىڭ ئاساسى، تارىخنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، پاكىتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ، ئاق تاشلىق كىتابتا دەل شىنجاڭ تارىخى توغرا شەرھلەنگەن بولۇپ، مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئەسقەر ئابباس مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، مەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى داۋاملىق ياخشى ئادا قىلىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن سۆز ئېچىپ، تارىختىن سۆز ئېچىپ، يامانغا لەنەت ئوقۇپ، ياخشىغا مەدەت بېرىپ، خاتالىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرىمەن».

ئىلى سىفەن داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى چېي لىن مۇنداق بىلدۈردى: «ئىلى سىفەن داشۆسى تەشۋىقات ئۆمىكى قۇرىدۇ، ھەم ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزىنى تەربىيەلەش ئارقىلىق شىنجاڭ تارىخىنى توغرا تونۇپ، ‹شىنجاڭدا يىلتىز تارتىش، چېگرا رايونغا ئۆزىنى بېغىشلاش، دۆلەتنى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ تۆھپە قوشۇش›تەك دۆلەتكە، خەلققە بولغان مۇھەببىتىنى چوڭقۇر يېتىلدۈرىدۇ».

«ئاق تاشلىق كىتابتا تارىخ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، مەنبەدىن ساپلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور تارىخىي مەسىلىلەر تولۇق شەرھلىنىپ، بىزنى ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.» بورتالا شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى قۇرمانجان مۇنداق دېدى: «بورتالا شەھىرىنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە - مەدەنىيەت سېپىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئاق تاشلىق كىتابنىڭ ئېلان قىلىنىشىنى پۇرسەت قىلىپ، ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ تەشەببۇسكارلىق جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىدۇ».

### ■ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشقا كۈچ قوشۇش كېرەك

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتا جەزمەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئېچىۋېتىش - سىغدۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇشتا، دۇنيادىكى كۆپ مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يەن مېي مۇنداق دېدى: «تۇغقانلىشىپ قوشماقلىشىش جەريانىدا، بىز تۇغقانلىرىمىزغا ياردەم بېرىپ شارائىت يارىتىپ بەردۇق، يول كۆرسىتىپ بەردۇق، ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردۇق، تۇغقانلىرىمىزمۇ چىن قەلبى، ھەقىقىي ھېسسىياتى بىلەن بىزگە جاۋاب قايتۇردى، كۆپچىلىك ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپ، كۆپ شەكىلدىكى ئالاقىلىشىش، ھەمتۈرتكە بولۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تۇغقانلىرىمىز بىلەن بىللە گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىمىز».

«ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، مەن ئاكتىپ كۈچ تارقاتقۇچى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم.» شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى دىراما ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ۋاڭ فاڭ مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، دىراما ئۆمىكى داۋاملىق ھالدا كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى سەنئەت ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئىدىيەسى چوڭقۇر، سەنئەتتە كامالەتكە يەتكەن، يۆنىلىشى توغرا بولغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ چىقىدۇ».

شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ شۇجىسى لى يۇخۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز ئاق تاشلىق كىتابنى تولۇق ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئاق تاشلىق كىتابنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارغا ئېنىق سۆزلەپ، ئەتراپلىق سۆزلەپ، چۈشىنىشلىك سۆزلەپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشقا كۈچ قوشىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز شۇ بو، خەن چىنيەن، فەن خۇڭبى، شى خۇيبىن، جاۋ چۇنخۇا، شيا چىڭ، جاڭ يەنفاڭ، جاڭ تىڭ، خې لىڭ، جاۋ شيا، لى لى، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن دىڭ لىجۈەن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز چۈ شۈەنشۈەن، تۇ شىن، پاڭ بو، بەي يانەن، جاڭ يۇڭ يازغان)**

# ئەسلىي مەقسەت - بۈرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۈرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە ۋەكىللەر خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئائىلىسى»لىرىنىڭ ياخشى تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ، مۇقىم سورۇنى بولۇش، مۇكەممەل تەشكىلى بولۇش، مۇكەممەل تۈزۈمى بولۇش، كونكرېت پائالىيىتى بولۇش، كاپالەتكە ئىگە خىراجىتى بولۇشتىن ئىبارەت «بەش بولۇش ئۆلچىمى» بويىچە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئائىلىسى»نى قۇرۇپ چىقىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرماقچى، ۋەكىللەر پائالىيىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرمەكچى، ۋەكىللەرنىڭ خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرمەكچى بولدى.

ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ۋەكىللەر سۆھبەت يىغىنىدا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ توققۇز ۋەكىلى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۈرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چۆرىدەپ، خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى قانداق ياخشى جارى قىلدۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانداق ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا سۆز قىلدى. ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا نۇرغۇن قىممەتلىك، سالماقلىق بار پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز بىلگەن ھامان تۈزىتىپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى ھەل قىلىپ، ياخشىلاشقا تېگىشلىكلىرىنى ياخشىلاپ، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئەلرايىغا ماسلىشىپ، خەلق بىلەن تەڭ قەدەم ئېلىپ، كۆپچىلىككە ھەقىقىي ئۈنۈمنى كۆرسىتىمىز.

شاۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: باشلامچىلىق بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىگە تەتبىقلاش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىگە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىدىن پايدىلىنىپ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ باشلامچىلىق بىلەن سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا مەزمۇت تۇرۇش، ئىشەنچلىك بولۇش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنى تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ ئەمەلىي ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن بۈرچنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى تەكىتلەپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشنى بوشاشتۇرماي، جاسارەتلىك - ياراملىق بولۇشنى بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى جۇ خەيلۇن، مۇتەللىپ قاسىم، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ ۋىۋىسكا يوپۇقنى ئېچىش مۇراسىمغا قاتناشتى.

# كەڭ دائىرىدە پىكىر - تەكلىپلەرنى ئاڭلاپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئابىلمەجىن يۈرۈشلۈك سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يۈرۈشلۈك سۆھبەت يىغىنىغا: قىسمەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئاساسىي قاتلام سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش مەخسۇس كومىتېتلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار؛ ئورگان پارتگۇرۇپپىسى، مەخسۇس كومىتېتلار تارماق پارتگۇرۇپپىسىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى، ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ قىسمەن پېشقەدەم كادىرلىرى؛ ئورگاندىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئامما قاتناشتى. سۆھبەت يىغىنىدا، كۆپچىلىك بىۋاستە باش تېمىغا ئۆتۈپ، مەسىلىلەرگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، سىياسىي، ئىدىيە، ئىستىل قاتارلىق جەھەتلەردىن سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپا بەنزىسى ۋە بەنزە ئەزالىرىغا تەكلىپ بەردى ھەم باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆپچىلىك ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا نۇرغۇن ئورۇنلۇق پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى، بۇنىڭ بىزنىڭ مەسىلىنى ھەقىقىي تېپىشىمىزغا، يىلتىزىنى چوڭقۇر قېزىشىمىزغا، يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلىشىمىزگە ياردىمى بار. بىز ئەستايىدىل رەتلەپ، تىزىملىك تۈزۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىش، بىلگەن ھامان تۈزىتىش پوزىتسىيەسى بويىچە، «تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، تۈزىتىش مۇددىتى ۋە تەلىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرمۇتۈر دەل جايىدا تۈزىتىپ، ھەقىقىي تۈردە تۈزىتىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىدە چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلدۇرۇشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش ئىشلىرىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا گەۋدىلەندۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش ۋەزىپە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدەپ، چارە - ئەقىل كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. نىشان يۆنىلىشى ۋە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان قاتتىق تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئېغىر يۈكنى بىلىپ تۇرۇپ زىممىگە ئېلىش، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىن ئىبارەت ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇشتىكى كونكرېت نىشاننى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى 2 - سەييارە كۆزىتىش - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)